# شنجاڭ گېزتى

2019 ـ يىل 5 ـ ئاي
10
جۈمە
维吾尔文5月10日

新疆日报网: www.xjdaily.com شنجاڭ گېزتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65–0002/–W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24691 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جنپىڭ ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ ھەم ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلەيدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار پەن جىي، ۋۇ يۈ) مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شۈ لىن 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنۇلارنى جاكارلىدى: ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئېچىلىدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

يۈ جېڭشېڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# مۇقىملىقنى قوغداپ چىڭرانى مۇھاپىزەت قىلىش مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى پۇختا ئىگىلەپ، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك



5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى يۈ جېڭشېڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

□ مۇخبىرىمىز **سۈي جىجيەن** فوتوسى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، لى ياك** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى يۈ جېڭشېڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىڭتۇەن روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى بىڭتۇەننىڭ ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

يۈ جېڭشېڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بىڭتۇەن ئورگانلىرى، تۇەن ـ چاڭلىرى ۋە لىيەندۈيلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئالىي ـ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپ، كارخانا، يېزا ۋە مەھەللىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى، نامراتلارنى يۆلەش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرىنى تەكشۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# جىلىن ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

## چېن چۈەنگو، جىڭ جۈنخەي، شۆھرەت زاكىر، لى پېڭشىن پائالىيەتكە قاتناشتى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، جاۋ جېيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە، جىلىن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۆلكە باشلىقى جىڭ جۈنخەي جىلىن ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى، ئۇدۇللاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن پائالىيەتكە قاتناشتى.

5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، جىلىن. شىنجاڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن جىلىن ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقى ۋە خالىس ياردەم بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جىلىن ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن ئۆلكىدىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جىلىندا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە ۋە شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئۈچ بەش» تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئوتتۇرا، شەرق، غەرب «ئۈچ چوڭ بۆلەك» قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، «بىر ئاساس، ئالتە قوش» كەسپلەر بوشلۇقى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى يولغا قويۇشنى باشلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا يېڭى، مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈش، ھەر تەرەپلىمە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يېڭى پۇختا قەدەم تاشلىدى. بىز چىن كۆڭلىمىزدىن تەبرىكلەيمىز.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

مېۋىچىلىك گۇرۇھى دېباك تېز يەتكۈزۈش شىركىتى بىلەن ھەمكارلاشتى

# شىنجاڭ يېڭى مېۋە ـ چېۋە توشۇشتىكى «ئەڭ ئالدىنقى بىر كىلومېتىر»نى تېز راۋانلاشتۇردى

مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى دېباك تېز يەتكۈزۈش شىركىتى بىلەن ئېلېكترونلۇق سودا ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، ئىككى تەرەپ شىنجاڭنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى يىغىش، سوغۇق زەنجىر ترانسپورتى قاتارلىق جەھەتلەردە ھەمكارلىشىپ، توشۇشتىكى «ئەڭ ئالدىنقى بىر كىلومېتىر»نى راۋانلاشتۇرۇپ، يېڭى مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ تېز سۈرئەتتە سىرتقا يەتكۈزۈلۈشىگە ھەمدەم بولىدۇ.

ئۇچۇرچى تەرەپ چوڭ سانلىق مەلۇمات ئىستاتىستىكىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2018 ـ يىلى، شىنجاڭنىڭ ئېلېكترونلۇق سودىسىدا 188 مىليارد 72 مىليون يۈەن ئېشىقا ئاشۇرۇلۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 16.07% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا توردا پارچە سېتىلىش سوممىسىدا 7 مىليارد 191 مىليون يۈەن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، 44.5% ئاشقان.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

مەركەزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىكى ـ يېتەكچىلىكى شىنجاڭدا

# مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى تۆت ئوبلاست، شەھەرگە چۆكۈپ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇردى

مۇخبىرىمىز **ياك شۈخەن** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە، مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 ـ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئايرىم ـ ئايرىم بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، قاراماي شەھىرى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 2 ـ شىسى باشئەگىم شەھىرىگە چۆكۈپ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى مۇنداق كۆرسەتتى: قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرما، بۇ قېتىم تۆۋەنگە چۆكۈپ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىشتا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە مەركەزنىڭ مۇھىم،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP
شنجاڭ گېزتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى


# ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى

**بۇلتۇر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ھەرقايسى تۈردىكى ئوقۇغۇچىلارغا 4 مىليارد 400 مىليون يۈەن ياردەم مەبلىغى ئاجرىتىلدى مەنپەئەتلەنگەن ئوقۇغۇچى 3 مىليون 60 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى**

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

مۇخبىرىمىز **رېن خۇانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ئىشخانىسى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقان ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايون «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى زىچ چۆرىدەپ، مائارىپ ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى ۋە ئېرىشىش تۇيغۇسىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرغان.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر لىيۇ يۈگۈاڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنۇلارنى دېدى: ئاپتونوم رايون دەل جايىدا سىياسەت تۈزۈپ، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى. «ياردەمگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچى، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن ئوقۇغۇچى، قىيىنچىلىقتا قالغان ئوقۇغۇچى، مېيىپ ئوقۇغۇچى»دىن ئىبارەت تۆت تىزىملىك ۋە بىر خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش ھېسابات دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ راست نام تىزىملىكى ناھىيەگىچە، يېزىغىچە، كەنتكىچە، مەكتەپكىچە، سىنىپقىچە، ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

سەللەنەتلىك 70 يىل · كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# قوش چاق بىلەن تۈرتكە بولۇش يېڭى بوشلۇق ئاچتى

**—— «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتىنىڭ تىپنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش خاتىرىسى**

□ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈڭفېي**

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، شىنجاڭ گۆھەر زېمىن كەسپ شەھەرچىسى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى(قىسقارتىلىپ گۆھەر زېمىن شىنجاڭ شىركىتى دېيىلىدى)نىڭ يوپۇقى ئېچىلىپ قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن، جۇڭگو باۋۇۋ گۇرۇھى شىنجاڭدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باۋگاڭ گۇرۇھى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر چەكلىك شىركىتى(قىسقارتىلىپ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتى دېيىلدى) پولات ـ تۆمۈر ئاساسىي كەسپىنى باشقۇرۇش، گۆھەر زېمىن شىنجاڭ شىركىتى شەھەر يېڭى كەسپلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت قوش چاق بىلەن تۈرتكە بولۇش يېڭى ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى.

ئۇدا ئۈچ يىل زىيان تارتىشتىن 2017 ـ يىلى زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇشقىچە ھەم 1 مىليارد يۈەن پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىچە، ئاندىن 2018 ـ يىلىغا كەلگەندە 1 مىليارد 40 مىليون يۈەن پايدا ئېلىشقىچە. قوش چاق بىلەن تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسى خۇددى بىر كۈچلۈك موتوردەك «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتىنى قايتا تەرەققىيات تېز يولىغا سالدى.

■ **كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، قوشۇلما قىممەتنى ئۆستۈرۈش**

«1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى شياۋ گودۇڭنىڭ ھازىرغىچە يەنىلا ئېسىدە، «ئەڭ كاسات مەزگىلدە، ھەر تونىنا پولات ماتېرىيالىنىڭ پايدىسى ئاران 1.6 يۈەن بولدى، باش ئىشتابنىڭ 8 مىليون تونىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئاران تۆتتىن بىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتى ھايات ـ ماماتلىق سىناققا دۇچ كەلگەنىدى».

كەسكىن خىرىس ئالدىدا، ئاپتونوم رايون ۋە باۋگاڭ گۇرۇھىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىدا، «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتى كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قوش چاق بىلەن تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش —— پولات ـ تۆمۈر يادرولۇق ئاساسىي كەسپىنى كۈچەيتىش، ئەلالاشتۇرۇش، كۆپ مەنبەلىك كەسپلەرنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇردى، بۇنىڭ بىلەن يېپيېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىشىش سەۋىيەسى %84.8كە يەتكۈزۈلىدۇ

مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياڭنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئۇققۇشىچە، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ جابدۇقلىرى كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىپ، تىپىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى پۈتۈن جەرياندا، ئومۇمىيۈزلۈك، يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىشىش سەۋىيەسىنى %84.8كە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىشىش سەۋىيەسىنى %69كە يەتكۈزىدىكەن.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)